ناماز ـ كاتتا ئىبادەتتۇر

مۇھەممەد يۇسۇف

ھازىر ئامېرىكىدا «سۇكۇتتا تۇرۇپ، ئويغا چۆكۈش» دەپ ئاتالغان بىر ئادەت ئەۋج ئالماقتا ئىكەن. بۇ ئادەت ھىندىستاندىن تارقىلىپ كەلگەن بولۇپ، يېقىندىن بۇيان ئامېرىكا جەمئىيىتىدە ئالاھىدە ئابروي- ئىناۋەت قازانغان. بۇ ئادەت بىر يېڭى مەزھەب شەكلىدە كېڭەيگەن بولۇپ، ئۇنىڭ توغرىسىدا نۇرغۇن ماقالىلار ھەتتا كىتابلار نەشىر قىلىنغان، بۇ مەزھەبكە ئەگەشكەنلەرنىڭ سانى مىليونلاپ ئاشقان. بۇ مەزھەبنىڭ پېشۋالىرى ھەر قايسى جايلاردا ئۆز دەۋەتلىرىنى يايماقتا ئىكەن. بۇ مەزھەب ھەركۈنى بىر قانچە مىنۇت ۋاقىت چىقىرىپ، كاللىدىن غەم ـ قايغۇ ۋە ھەممە ئوي ـ پىكىرلەرنى چىقىرىپ تاشلاپ، ئىككى كۆزنى يۇمغان ھالدا دۇنيا تەشۋىشلىرىدىن پۈتۈنلەي خالىي بولۇپ، بىر ھازا تىنىچ ئولتۇرۇشقا دەۋەت قىلىدۇ. بۇ مەزھەبنىڭ پىشۋالىرى ئۆزلىرىنىڭ مۇرىتلىرىغا ھەر كۈنى مەشغۇلات ۋاقتىدا بىر خىل چۈشىنىكسىز سانسكرىتچە سۆزلەرنى تەكرارلاشنى تەۋسىيە قىلىدىكەن. ئۇلارنىڭ ئېتىقادىدا بۇ خىل پائالىيەت نىرۋىنى ۋە ئەقلىنى ۋاقىتلىق ئىشتىن توختىتىپ ئارام ئالدۇرىدىكەن. ئۇلار تەكرارلاپ ئېيتىشىدىغان سانسكرىتچە سۆزلەر ئۇلار ئۈچۈن غەم ـ ئەندىشىدىن بىر ئاز ۋاقىت بولسىمۇ خالىي بولۇشقا زېمىن ھازىرلايدىكەن.

بۇ مەزھەبكە چاقىرىدىغان ئىلمىي ماقالىلارنىڭ تەكىتلىشىچە، بۇ خىل مەشق پائالىيىتى بىر قانچە ئاي داۋام قىلدۇرۇلىشى جەريانىدا كىشىلەرنىڭ قان بېسىمى، باش ئاغرىقى قاتارلىق كېسەللىكلىرى شىپا تاپقان. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئادەت ھازىر دۇنيا بويىچە كەڭ قانات يايماقتا ئىكەن.

ئەمما مۇسۇلمانلار ئۈچۈن بۇ خىل پائالىيەتلەر ئانچىلا يېڭىلىق ئەمەس. ئىسلام دىنىدا مۇسۇلمانلارغا پەرز قىلىپ بۇيرۇلغان بەش ۋاقىت ناماز بۇ خىل پائالىيەتلەرگە شەكلەن ئوخشاپ كەتسىمۇ، ماھىيەت جەھەتتە ئۇ خىل مەزھەب ۋە ئادەتلەردىن نەچچە ھەسسە ئەھمىيەتلىك ۋە پايدىلىقتۇر. چۈنكى يۇقىرىقى مەزھەب يېڭىدىن پەيدا بولغان بولسا، بىزنىڭ ئىسلام دىنىمىز 14 ئەسىر بۇرۇنقى چاغلاردىلا بەش ۋاقىت ناماز ئوقۇشنىڭ ئادەمنى تەن سالامەتلىككە، مەنىۋي يۈكسەكلىككە ئېلىپ بارىدىغان پايدىلىق بىر پائالىيەت ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلغان ۋە مۇسۇلمانلارنى ئۇنى ئادا قىلىشقا بۇيرىغان. كۈندە ئوقۇلىدىغان بەش ۋاقىت ناماز يۇقىرىقى مەزھەبتىكىلەرنىڭ پائالىيىتىدىن جىسمانىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن كۆپ پايدىلىقتۇر. نامازدىكى خالىيلىق غەم ـ ئەندىشە ۋە باشقا بارلىق ئىشلاردىن نىرۋىنى دەم ئالدۇرۇپ ئۇنى راھەتلەندۈرۈش ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى شۇنىڭ بىلەن بىللە ئاللاھ تائالانىڭ ھوزۇرىغا يۈكسىلىش ۋە بەندىچىلىكنى ئادا قىلىش ئۈچۈندۇر. ناماز ئەسناسىدا ئوقۇلىدىغان زىكىر ۋە تەسبىھلەرمۇ سانسكرىتچە چۈشىنىكسىز سۆزلەرگە ئوخشىمايدۇ، بەلكى نامازدىكى تەسبىھلەر ئاللاھ تائالانىڭ كامالىي سۈپەتلىرىنى تەكرارلاش، ئۇنىڭغا ھەمدۇ سانا ئېيتىش ۋە ئۇنى ياد ئېتىشتىن ئىبارەتتۇر.

مۇبادا ناماز ۋاقتىدا يۈز بېرىدىغان ئۆزگىرىشلەر ھەققىدە ئىنچىكە تەتقىق ئېلىپ بېرىلىدىغان بولسا، ئەلۋەتتە، قان بېسىمىنىڭ نورماللىششى، نىرۋىنىڭ راھەتلىنىشى ۋە مۇندىن باشقا كۆپلىگەن ياخشى كەيپىياتلارنىڭ ناماز ئوقۇش بىلەن كېلىپ چىقىدىغانلىقى تېخىمۇ روشەن ئىسپاتلانغان بولار ئىدى. ئەمما ئامېرىكا بىلەن ياۋروپادا ئىسلام دىنى ھەققىدە كەڭ تەتقىقات ۋە ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىشنى ئانچىلا خالىمايدۇ. شۇڭا ئۇلار ئىسلام دىنىنىڭ ھەققىي ماھىيىتىنى چۈشەنمەيدۇ. شۇ سەۋەبتىن بىزنىڭ نامىزىمىز ۋە باشقا ئىبادەتلىرىمىز بەزى ئەللەر ئۈچۈن ئېچىلمىغان

سىرلىق كان بولۇپ قالماقتا. ناماز ئوقۇشنىڭ پايدىلىرىنى ناماز ئوقۇش بىلەن شۇغۇللانغانلار ياخشى بىلىدۇ. ئاللاھ تائالا بىزگە «نامازنى قائىدىلىرىگە رىئايە قىلىپ ئادا قىلىڭلار» دەپ ئەمر قىلىدۇ. ناماز پۈتۈن ئەزالار — قەلب، ئەقىل ۋە روھ بىلەن بىرلىكتە ئاللاھ تائالانىڭ ھوزۇرىغا يۈزلىنىشتىن ئىبارەتتۇر.

مەلۇمكى، ئاللاھ تائالانى تونۇپ، ئۇنىڭ تەڭداشسىز تەنھا بىر ئىلاھ ئىكەنلىكىنى بىلىپ، دىل بىلەن تەستىق ۋە تىل بىلەن ئىقرار قىلىش مۇسۇلمانلىقنىڭ ئاۋۋالقى شەرتىدۇر. مانا بۇ «تەۋھىد» دەپ ئاتىلىدۇ. تەۋھىدتىن كېيىن مۇسۇلمان كىشىگە ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن بۇيرۇلغان پەرزلەرنىڭ ئەڭ ئەھمىيەتلىكى نامازدۇر. ناماز ئىماننىڭ ئالامىتى، قەلبنىڭ نۇرى ۋە مۇسۇلماننىڭ مىراجىدۇر.

پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن مىراجغا (يۇقىرى ئاسمانغا) كۆتۈرۈلگەن كېچىسى ئۇنىڭغا ۋە ئۇنىڭ پۈتۈن ئۈممەتلىرىگە كۈندە بەش ۋاقىت ناماز ئوقۇش پەرز قىلىندى. «قۇرئان كەرىم»دە ۋە ھەدىسلەردە نامازنىڭ ئەھمىيىتى توغرۇلۇق كەلگەن تەۋسىيەلەر ۋە ئەمرلەر ناھايىتى كۆپ. مانا بۇ ئىسلام دىنىنىڭ نامازغا نەقەدەر ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ئى مۇھەممەد! ساڭا ۋەھيي قىلىنغان كىتاب («قۇرئان») نى تىلاۋەت قىلغىن. نامازنى تەئدىل ئەركان بىلەن ئوقۇغىن. ناماز ھەقىقەتەن قەبىھ ـ يامان ئىشلاردىن توسىدۇ» [ئەنكەبۇت سۈرىسى 45 ـ ئايەت]. پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ناماز توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ: «ناماز دىنىنىڭ ئاساسىدۇر. نامازنى تەرك ئەتكەن كىشى دىنىنى يىقىتقان بولىدۇ».

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، ناماز ئەڭ كاتتا، ئەڭ مۇقەددەس ئىبادەتتۇر. ناماز بالاغەتكە يەتكەن، ئەقلى جايىدا بولغان ھەر قانداق مۇسۇلماننىڭ بەلگىلەنگەن ۋاقىتىدا ئادا قىلىشقا بۇيرۇلغان پەرزدۇر. ئادەم ناماز ئارقىلىق ئاللاھ تائالاغا قەلبىدىكى ئىماننى نامايان قىلىدۇ ۋە ياراتقانغا شۈكۈر ئىزھار قىلىدۇ. ئىنسان ناماز سايىسىدا تۈرلۈك گۇناھلاردىن ساقلىنالايدۇ ۋە ئاللاھ تائالانىڭ مەرھەمىتىگە ئېرىشەلەيدۇ. ناماز مەنىۋىي ھاياتنى يۈكسەلدۈرگەندىن تاشقىرى ماددىي ھاياتنىمۇ جانلاندۇرىدۇ. ناماز ئىنساننىڭ پاكىز، مەدەنىيەتلىك، ساغلام ۋە ئىنتىزامچان بولۇشىنى كاپالەتلەندۈرىدىغان كاتتا خاسىيەتلىك ئىبادەتتۇر.